# سىياسەتنى تەتقىق قىلىش

## (ئاندرېۋ ھېيۋۇدنىڭ سىياسەت ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى بابى)

# سىياسەت تەتقىقاتىنىڭ مېتودلىرى

سىياسىي پائالىيەتنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىش، سىياسەت ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلاردىمۇ ئوخشاش ئەكس ئېتىدۇ. ئەقلىي خىزمەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ساھەلىرىدىن بىرى بولغان سىياسەت باشتىن ئاخىر پەلسەپە، تارىخ ياكى قانۇن پەنلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقستى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تايىنىشى كېرەك بولغان ئاساسىي پىرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئىدى.

ئەمما 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ سىياسەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلەرنىڭ ئورنىنى، سىياسەتنى بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىش تەشەببۇسلىرى ئېلىشقا باشلىدى. بۇرۇنقى ئەنئەنىنىڭ مەنتىقىسىز بىر مېتافىزىكا ئىكەنلىكىنى تەرغىپ قىلىپ، ئۇنى ئاشكارە رەت قىلغان 1950- يىللار ۋە 1960-يىللارنى بۇ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ فورمال سىياسەت ئىلمىگە بولغان كۈچلۈك قىزغىنلىق سۇسلاشقا، سىياسىي قىممەت قاراشلار ۋە قېلىپلاشقان نەزەرىيەلەرنىڭ دائىمىي مۇھىملىقى قايتا تونۇلۇشقا ۋە قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى. ئەگەر ھەممە ئېتىراپ قىلالايدىغان ئۇنىۋېرسال قىممەتلەرنى تېپىشنى مەقسەد قىلغان «ئەنئەنىۋى» ئىزدىنىش چۆرۈۋېتىلسە، ھەقىقەتنى بايقاشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى ئىلىم پەن دەيدىغان قاراشلا قالاتتى. ھالبۇكى، مانا بۇلاردىن تۇغۇلغان سىياسەت ئىلمىنىڭ ھازىرقى شەكلى تېخىمۇ مول بولۇپ، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ بىر قاتار نەزەرىيىۋى مېتودلار ۋە ھەرخىل ئانالىز ئېقىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدۇر.

### پەلسەپىۋى ئەنئەنىلەر

سىياسىي ئانالىزنىڭ يىلتىزىنى قەدىمكى يۇناننىڭ «سىياسەت پەلسەپىسى»دىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. سىياسەت پەلسەپىسى ئاساسەن ئەخلاقىي، بېكىتىلگەن ياكى قېلىپلاشقان مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ۋە «بۇ شۇدۇر»دىن بەكرەك، «بۇ شۇ بولۇشى كېرەك» ياكى «شۇنداق بولسۇن»غا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئەپلاتون ۋە ئارستوتېل بۇ ئەنئەنىنىڭ قۇرغۇچى ئۇستازلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئاۋگۇستىن (430-340) ۋە ئاكۇيناس (574-122) قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىر نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، ئەپلاتوننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى غايىۋى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە غايىۋى جەمئىيەت بىر پەيلاسوپ پادىشاھلار تەبىقىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ھەقىقىي مۇستەبىت جەمئىيەت ئىدى.

بۇ خىل يازمىلار سىياسەت تەتقىقاتىدىكى «ئەنئەنىۋى» دەپ ئاتالغان ئۇسۇللارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان. مەزكۇر ئۇسۇل سىياسىي چۈشەنچىگە مەركەزلەشكەن پىكىر ۋە تەلىماتلارنىڭ ئانالىز شەكلىدە

تەتقىق قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى ئەپلاتوندىن ماركسقىچە بولغان ئاساسلىق مۇتەپەككۇرلارغا ۋە كلاسسىك سىياسىي تېكىستلەرنىڭ بىر تىزىملىكىگە مەركەزلەشكەن سىياسىي ئىدىيە تارىخىنىڭ شەكلىنى ئالغان. بۇ خىل ئۇسۇل ئەدەبىي تەھلىل خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ نېمىلەرنى ئېيتقانلىقى، كۆز قاراشلارنىڭ قانداق راۋاجلاندۇرۇلۇپ، قانداق قانۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ۋە ئەسەرلەرنى قانداق ئەقلىي ئۇسۇللاردا ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئانالىزلار تولىمۇ تەنقىدىي، تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەقدىردىمۇ، «نېمىشقا دۆلەتكە بويسۇنۇشۇم كېرەك؟»، «مۇكاپاتلارنى قانداق تەقسىم قىلىش كېرەك؟» ھەمدە «كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ چەك- چېكى قەيەرگىچە بولۇشى كېرەك؟» دېگەندەك مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولغاندا، ھەقىقىي مەنىدە ئىلمىي، ئوبيېكتىپ بولالمايدۇ.

## تەجرىبىچىلىك ئەنئەنىسى

بۇ ئەنئەنە ئۆلچەم نەزەرىيەلىرىنى تۇرغۇزۇشتەك مەشھۇر بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تارىخىنى سىياسىي تەپەككۇرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغىچە قەدەر سۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنى ئارىستوتېلىنىڭ سىياسىي تۈزۈملەرنى تۈرگە ئايرىشتىكى تىرىشچانلىقلىرىدا، ماكىياۋېللىنىڭ دۆلەتچىلىك توغرىسىدىكى رېئال چۈشەنچىلىرىدە ۋە مونتېسكيۇنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ھوقۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىدە كۆرەلەيمىز. بۇ ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندە <سېلىشتۇرما ھۆكۈمەت > دەپ ئاتالغان تەتقىقات ساھەسى ئۈچۈن ئۇل سالغان ۋە سىياسەت ئىلمى ئۈچۈن بىر تۈزۈلمىۋىي تەتقىقات ئۇسۇلى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئۇسۇل بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيەدە ئاساسلىق سىياسەت ئانالىزى ئەنئەنىسگە ئايلاندى. سىياسىي ئانالىزدا تەجرىبە ئۇسۇلىغا تايىنىشنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، سىياسىي رېئاللىققا ھېسسىيات ئارىلاشمىغان، بىتەرەپ بولغان بىر ئاساس يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئۆلچەم قويىدىغان ئۇسۇل ھۆكۈم قىلىش ۋە تەكلىپ سۇنۇش جەھەتتىن ئېيتقىنىمىزدا ئۇ «پەرمان چىقارغۇچى» بولسا، تەجرىبىۋىي ئۇسۇل بولسا تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش تىرىشچانلىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقىنىمىزدا «تەسۋىرىي» بولىدۇ.

تەسۋىرىي سىياسىي ئانالىزنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى 17-ئەسىردىن باشلاپ جون لوك ۋە داۋىد خۇم (1711-1776) قاتارلىق سىياسەت پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق يېيىلىشقا باشلىغان تەجرىبىچىلىك تەلىماتىدىن كەلگەن. تەجرىبىچىلىك تەلىماتى تەجرىبىنىڭ بىلىمنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بارلىق پەرەز ۋە نەزەرىيەلەرنىڭ چوقۇم كۆزىتىش جەريانى ئارقىلىق سىناق قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. 19-ئەسىردىن باشلاپ بۇ خىل ئىدىيىلەر، ئاۋگۇست كومت (1798-1857)نىڭ ئەسەرلىرىدە كونكرېت ئەقلىي ھەرىكەت سۈپىتىدە جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلغان. بۇ تەلىمات ئىجتىمائىي پەن ۋە پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە قەتئىي رەۋىشتە تەبىئىي پەن بىلىملىرىنىڭ تەتقىقات مېتودلىرىنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىلىم-پەن ھەقىقەتنى تېپىشنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك يولى دەپ قارالغاندا، سىياسەت ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇش بېسىمىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

**ئوبيېكتىپ :** كۆزەتكۈچىدىن مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇدىيىتىنى كۆرستىدىغان، ئىنساننىڭ ھېسسىياتىغا بېقىنمايدىغان، قىممەت قارىشىغا ۋە تەرەپتارلىققا ئېغىپ كەتمەيدىغان... دېگەنلىكتۇر

**ئۆلچەم :** بۇ بۇيرۇق خاراكتېرلىك قىممەتلەر ۋە مۇئامىلە ئۆلچىمى بولۇپ، «بۇ نېمە؟»دىن بەكرەك، «بۇ نېمە بولۇشى كېرەك؟» بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## ئىلمىي ئەنئەنە

كارل ماركس سىياسەتنى ئىلمىي جەھەتتىن ئېنىقلاشقا ئۇرۇنغان تۇنجى نەزەرىيەچىدۇر. ماركس تارىخىي ماتېرىيالىزملىق چۈشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تېپىشقا تىرىشتى. بۇ ئۇنىڭ تەبىئىي پەنلەردىكى قانۇنلار بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغان دەلىل-ئىسپاتلارغا تايانغان «قانۇنلار»نى ئاساس ئېلىپ تۇرۇپ، كەلگۈسى ھەققىدە پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ئىلمىي ئانالىز ئېقىممۇ 19-ئەسىردىكى ئاساسلىق تەھلىل ئۇسۇلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. 1870-يىللاردا «سىياسەت ئىلمى» دەرسلىرى ئوكسفورد، پارىژ ۋە كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا رەسمىي ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلدى. 1906-يىلدىن باشلاپ ئامېرىكا سىياسىي پەنلەر ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەمما سىياسەت ئىلمىگە بولغان قىزىقىش 1950-ۋە 60-يىللاردا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا < ھەرىكەتچىلىك > (behavioralism: بۇ ئامېرىكىدا 1950، 1960 = يىللاردا مودا بولغان ئىلمىي ئېقىم بولۇپ، بۇ ئېقىم سىياسەت ئىلمىدە تەتقىقات ئوبيېكتى كۆزەتكىلى ۋە ئۆلچىگىلى بولىدىغان بىر بىرىدىن مۇستەقىل ھەرىكەتلەر بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە سىياسىي تۈزۈملەر مۇئەييەن ئىجتىمائىي كۈچلەر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن سىياسەت تەتقىقاتىنى ئاۋال جەمئىيەت، كۈلتۈر ۋە جامائەت رايىدىن باشلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات مېتودىنى بولۇپمۇ پسىخولوگىيەنىڭ تەتقىقات مېتودىنى قوللىنىشى كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇھەررىردىن )كە ئاساسلانغان بىر سىياسىي ئانالىز شەكلىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن بىللە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

بۇ تۇنجى قېتىم سىياسەتكە ئىشەنچلىك ئىلمىي سالاھىيەت ئاتا قىلغانىدى. چۈنكى بۇ مېتود سىناق قىلىشقا بولىدىغان پەرەزلەرگە كېرەكلىك بولغان ئوبيېكتىپ ۋە ئۆلچىگىلى بولىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى تەمىنلىدى، بۇ دەل بۇرۇنقى سىياسەت ئىلمىدە كەم ئىدى. داۋىد ئېستونغا ئوخشاش سىياسىي ئانالىزچىلار سىياسەتتە تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئۇسۇل مىقدارلىق تەتقىقات مېتودلىرى ماس كېلىدىغان سايلام، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى، يەرلىك سىياسىيونلار ۋە لوبىچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرى قاتارلىق ساھەلەرگە كەڭ كۆلەمدە تەتبىقلىنىشقا باشلىدى. ھەتتا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە < ئوبيېكتىپ > قانۇنلارنى بەرپا قىلىش مەقسىتىدە، بۇ ئۇسۇلنى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىگىمۇ تەتبىقلاش ئۇرۇنۇشلىرى كۆرۈلدى. ئەمما ھەرىكەتچىلىك ئېقىمى 1960-يىللىرىدىن باشلاپ داۋاملىق كۈچىيىپ بارغان بېسىمنىڭ ئاستىدا قالدى. ھەرىكەتچىلىك سىياسىي ئانالىزنىڭ

دائىرىسىنى تارايتىۋەتتى، سىياسىي ئانالىز پەقەت كۆزەتكىلى بولىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، بۇنىڭدىن ھالقىيالمىدى دېگەن تەنقىدلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

گەرچە ھەرىكەت ئانالىزى سايلام ھەرىكىتىگە ئوخشاش ساھەلەردە بىباھا نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە داۋاملىق بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆلچىگىلى بولىدىغان سانلىق مەلۇماتلارغىلا ئېسىلىۋېلىشتەك تار دائىرىلىك پىكرى سىياسەت ئىلمىنىڭ دائىرىسىنى تارايتىۋېتىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغىنى، بۇ ئەھۋال بارلىق سىستېمىلىق سىياسىي نەزەرىيەلەرگە كەينىنى قىلىۋالىدىغان سىياسەت ئىلمى ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلايدۇ. «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «ئادالەت»، «ھەق» دېگەندەك ئۇقۇملارنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمىغاچقا، بەزىدە مەنىسىز دەپ قارىلىپ چەتكە قېقىلدى. جون راۋلېس ۋە روبېرت نوزىكتەك نەزەرىيەشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئىپادىلەنگىنىدەك، 1970-يىللاردىن باشلاپ ئۆلچەمگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى بىلەن ھەرىكەتچىلىككە بولغان نارازىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرىكەتچىلىكنىڭ ئۆزى دەۋا قىلىدىغان ئىلمىيلىكىگىمۇ سوئال قويۇلۇشقا باشلاندى. ھەرىكەتچىلىكنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئاساسى ئۇنىڭ « قىممەتتىن خالىي» ئىكەنلىكىدۇر. يەنى، ئۇنىڭغا ئەخلاق ياكى ئۆلچەم ئارىلاشمىغان. ئەمما ئانالىزنىڭ مەركىزىدە كۆزىتىشكە بولىدىغان ھەرىكەت مەۋجۇت بولغان ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت مەۋجۇد ھالنى مەشرۇئلاشتۇرۇش مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (status quo) سىياسىي پائالىيەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىشتىن باشقا بىر ئىش قىلالمايدۇ. بۇ كونسېرۋاتىپ قىممەتتىن خالىيلىق قارىشى دېموكراتىيەنىڭ كۆزىتىشكە بولىدىغان ھەرىكەت مەنىسىدە قايتىدىن تەبىر بېرىلىشىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا دېموكراتىيەنى «خەلقنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشى» دېيىشنىڭ ئورنىغا، سايلام مېخانىزمى ئارقىلىق ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان رىقابەتچى سەرخىللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۈرەش دېيىشكە بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ خىل ھەرىكەتچىلىك ئۇسۇلىدا دېموكراتىيە دېگەنلىك تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدىكى دېموكراتىك دەپ ئاتىلىدىغان سىياسىي تۈزۈملەردە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر دېگەنلىك بولىدۇ.

**ھەرىكەتچىلىك** : ئىجتىمائىي نەزەرىيىلەرنىڭ پەقەت تەتقىقات ئۈچۈن كېرەكلىك مىقدارلىق مەلۇماتلار ۋە كۆزەتكىلى بولىدىغان ھەرىكەتلەر ئۈستىدە بەرپا قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ياقلايدىغان ئېقىمدۇر.

**(empirical) تەجرىبىۋىيلىك** : كۆزىتىش ۋە تەجرىبىگە تايىنىدۇ، تەجرىبىۋى بىلىملەر پەقەت سەزگۈلەر ۋە كەچمىشتىن كېلىدۇ.

## يېڭى تەرەققىياتلار

سىياسەتتىكى يېڭى نەزەرىيىۋى ئۇسۇللار ئارىسىدا، رەسمىي سىياسىي نەزەرىيىلەر، ھەرخىل سىياسىي ئىقتىساد نەزەرىيىلىرى، ئاممىۋى تاللاش نەزەرىيىسى ۋە ئەقلىي تاللاش نەزەرىيىسى قاتارلىقلار بار. بۇ خىل ئۇسۇل كۆپىنچە پراگماتىك قائىدىلەرگە، يەنى، راتسىئونال (ئەقلىي) سۇبيېكتنىڭ شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ھەرىكەتلىرىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن ئىقتىسادىي نەزەرىيىلەرنىڭ ئۆرنەكلىرىگە تايىنىدۇ.

ئامېرىكىدا ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ۋىرجىنىيە ئېقىمى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان فورمال (رەسمىي) سىياسەت نەزەرىيىسى، بېلەت تاشلىغانلارنىڭ، لوبېچىلارنىڭ، بيۇروكراتلارنىڭ ۋە سىياسەتچىلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارا سىستېمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنىمۇ چۈشىنىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۈنۈملۈك بىر قورالدۇر. بۇ خىل تاكتىكىلارنىڭ پارتىيە رىقابىتى، مەنپەئەتدار گۇرۇھلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە بيۇروكراتلارنىڭ سىياسەت بەلگىلەشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى دېگەندەك ساھەلەردە، ئانتونىي دوۋنس، مانكۇر ئولسون ۋە ۋىلىيام نىسكانېن قاتارلىق تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئىشلىتىشى كېيىنكى بۆلۈمدە مۇنازىرە قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئىقتىسادتىلا ئەمەس، ماتېماتىكا ساھەسىدە خېلىلا تەرەققىي قىلغان ئويۇن نەزەرىيەسى شەكلىدە مەۋجۇتتۇر.

ئويۇن نەزەرىيىسىدىكى ئەڭ داڭلىق ئۆرنەك «مەھبۇسلارنىڭ تەڭقىسلىقى»دۇر. (1.2 شەكىلگە قاراڭ)

بۇنىڭ بىلەن بىللە ئەقلىي تاللاش ئۇسۇلى ھەرگىزمۇ ئاممىباب دەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ سىياسەت ھادىسىلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىشىغا راستىنلا ئېنىقلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بۇنى تەنقىد قىلىدىغانلار ئۇنىڭ تۈپكى قىياسلىرىنىڭ توغرىلىقىدىن شۈبھىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىيلىكىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش، ئىنسانلارنىڭ تولىمۇ نادىر ھاللاردا تاللاشقا ئەرزىگۈدەك بىر پۈتۈن مەقسەتلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ قارارلىرىنى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەھۋالدا ئاندىن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇچۇرلار ئاساسىدا چىقىرىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئابستراكت شەخس چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان راتسىئونال (ئەقلىي) تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، بۇ نەزەرىيە ئىنساننىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئالاھىدىلىكىنىڭ تۇغۇلۇشتىنلا بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى يەنە بەزىدە جەمئىيەتنىڭ شەرتلىرىنىڭ تەسىرىدىمۇ شەكىللىنىدىغانلىق ئېھتىماللىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئىجتىمائىي ۋە تارىخى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، سىياسەتنى بىر پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشتا كۆپ خىل ئۇسۇل ۋە مېتودلار بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

| |
|---|
| **ئىلىم پەن، ئىلىم پەنچىلىك** |
| ئىلىم (ئىنگلىزچە Science) لاتىنچە «مەلۇمات» مەنىسىدىكى «scientia»دىن كېلىدۇ. تەكرارلىنىدىغان تەجرىبە، كۆزىتىش ۋە يەكۈنلەش ئۇسۇلى بىلەن ،پاكىتنىڭ ئىشەنچلىك |

چۈشەندۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر تەتقىقات ساھەسىدۇر. مەۋجۇت دەلىل-ئىسپاتلارغا قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىياسلارنى توغرىلاشتا ئەسقاتقان (ئىسپاتلانغان ھەقىقەتكە «ئىلمىي مېتود» قىممەتتىن خالىي ۋە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىنىڭ بىر ئۇسۇلى دەپ قارىلىدۇ. بىراق، كارل پوپپېر (1902-1994) «ھەقىقەتلەر»نى ھەمىشە كېيىنكى تەجرىبە بىلەن ئۆرۈپ تاشلىغىلى بولىدىغان نەرسە دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىم پەننىڭ پەقەتلا پەرەزلەرنى ئۆرۈپ تاشلىيالايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئىلىم پەنچىلىك بولسا ئىشەنچلىك مەلۇماتنىڭ يېگانە مەنبەسىنىڭ پەقەت ئىلمىي مېتود ئىكەنلىكىگىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي مېتودنىڭ تەبىئىي پەنلەردە قوللىنىلغىنىدەك، پەلسەپە، تارىخ ۋە سىياسەتكە ئوخشاش ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدىمۇ قوللىنىلىشى كېرەكلىكىگە ئىشىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ماركسىزم، مەنپەئەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىقمۇ ئىلىم پەنچىلىكنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**مەھبۇسنىڭ تەڭقىسلىقى**

ئايرىم كامېرلارغا سولانغان ئىككى جىنايەتچى بىر-بىرىنى «پاش قىلىش» ياكى «پاش قىلماسلىق»تەك ئىككى تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ، قارشى تەرەپنى ئەيىبلەش ئۈچۈن زۆرۈر دەلىل-ئىسپات بىلەن تەمىنلىسە، ئۇ جازاغا ھۆكۈم قىلىنماي قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە ھەممە گۇناھ يەنە بىر شېرىكىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ، شېرىكى ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى جىنايىتىنى ئىقرار قىلسا، ئالتە يىللىقتىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلىسى گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلسا، ئۇلار كىچىك جازاغا ئۇچرايدۇ ۋە ھەر ئىككىسى ئايرىم- ئايرىم ھالدا بىر يىلدىن جازاغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. (تاللاشلار تاللانما 1.2-رەسىمدە كۆرسىتىلدى) ئۇلار دۇچ كەلگەن بۇ تەڭقىسلىق ئالدىدا، ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ ئەڭ ئېغىر جازاغا ئۇچراپ قىلىش ئەندىشىسى بىلەن بەلكىم ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى قىزىقارلىق ئىش شۇكى، بۇ ئويۇن راتسىئونالىزم (ئەقلىيچىلىك)نىڭ ئەڭ ناچار ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ (يەنى ھەر ئىككى مەھبۇس ئەقلىي تاللاش ئېلىپ بارسا جەمئىي 12 يىل تۈرمىدە ياتىدۇ)

ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ھەمكارلاشماسلىقنىڭ ۋە ئۆزئارا ئىشەنمەسلىكنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. بۇ ئويۇن تۈرلۈك زامانلاردا قايتا- قايتا تەكرارلانسا، جىنايەتچىلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭمۇ ھەمكارلىقتىن كېلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ، بۇ ئۇچۇر ھەر ئىككىسىنى جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

| | | ئا مەھبۇس | |
|---|---|---|---|
| | | ئېتراپ قىلمايدۇ | ئېتراپ قىلدۇ |
| ب مەھبۇس | ئېتراپ قىلدۇ | A : B: 6 6 | A : B: 0 10 |
| | ئېتراپ قىلمايدۇ | A : B: 10 0 | A : B: 1 1 |

1.2شەكىل. مەھبۇسلارنىڭ تەڭقىسلىقىنىڭ نەتىجىسى

بۇ ئۇسۇللار ھازىرقى زامان سىياسىي نەزەرىيەلىرىنى تېخىمۇ خىلمۇخىللاشتۇرغان ۋە بېيىتقان. ئەنئەنىۋي ئۆلچەمچىلىك (normative)، ئىلمىي پەنچىلىك، تەجرىبىچىلىك ۋە ھەرىكەتچىلىك ئۇسۇللىرىغا پەقەتلا ئەقلىي تاللاش نەزەرىيىسى قوشۇلۇپلا قالماي، بەلكى بىر قاتار يېڭى پىكىر ۋە مەزمۇنلارمۇ قوشۇلغان. بولۇپمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن باشلاپ ئايالھەقچىلىك ئېقىمى، ئىجتىمائىي جىنسىيەت پەرقى ۋە قىسمەن قۇرۇلمىلارنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇردى. ۋە بۇ جەرياندا «سىياسىي»غا مۇناسىۋەتلىك تۇراقلىشىپ كەتكەن بەزى چۈشەنچىلەر قايتىدىن سوراققا تارتىلىشقا باشلىدى.

«يېڭى قۇرۇمچىلىق» (institutionalism) ئېقىمىدا دىققەتنى نەزەرىيەلەرنىڭ شەكلى، قۇرۇلما قاتلىمىدىن بەكرەك كەڭ دائىرىدىكى ئەھمىيىتىگە، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھەرىكىتىگە ۋە سىياسىي باسقۇچتىكى نەتىجىسىگە يۆزلەندۈرگەن. يېشىل سىياسەت بېكىك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي نەزەرىيىنىڭ ئانتروپوسېنترىك (ئىنسان مەركەزچىلىك) ئۇرغۇسىغا جەڭ ئېلان قىلغان ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي چۈشەنچىلەرگە يۇتۇنچىل قاراشنىڭ سەركىسى بولغان.

1923-يىلى قۇرۇلغان ۋە كېلىش مەنبەسى يېڭى ماركسىزم بولغان فرانكفورت ئېقىمىنىڭ تەنقىدىي نەزەرىيىسى فروئىد ۋە ۋېبېرغا ئوخشاش مەنبەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ تەنقىدى پىكىرنى بارلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە كېڭەيتكەن. كېيىنكى مودېرنىزم بولسا مۇتلەق ۋە ئۇنىۋېرسال ھەقىقەت ئىدىيىسىدىن گۇمانلانغان ۋە ئېيتىم (discourse) نەزەرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۆھپە قوشقان.

ئومۇمىي، ئەمما ئىنتايىن رادىكال بىر ئۆزگىرىش شۇكى، بۈگۈنكى كۈندە سىياسەت پەلسەپىسى بىلەن سىياسەت ئىلمى بىر-بىرىدىن ناھايىتى ئاز پەرقلىنىدۇ ۋە بىر-بىرىگە ناھايىتى ئاز رەقىب بولىدۇ. ھەر ئىككى ساھە سىياسىي بىلىمنىڭ يوچۇقلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ قارىمۇ قارشى يوللىرى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

## سىياسەتنى ئىلمىي مېتود بىلەن تەتقىق قىلىش مۇمكىنمۇ؟

سىياسەت تەتقىقاتى ئىنچىكە ۋە تەنقىدىي بولۇش ئۈچۈن كەڭ مەنىدە ئىلمىي بولۇشى كېرەك دەيدىغان چۈشەنچە كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىنىسمۇ، بەزىلەر يېقىنقى يۈز يىلدا ئىپتىدائىي ۋە بىلەن تار مەنىدە ئىلمىي مېتود بىلەن تەتقىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، يەنى، تەبىئىي پەننىڭ مېتودولوگىيەسىنى سىياسەت تەتقىقاتىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قاراش ماركسىزم ۋە پوزىتىۋىست ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە 1950-يىللاردىكى «ھەرىكەتچىلىك ئىنقىلابى» نىڭ مەركىزى ئىدىيىسى بولغان. سىياسەتنى ئىلىم پەن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش قارىشى ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ مەھلىيا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ «توغرا»نى «خاتا»دىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ تەرەپسىز ۋە ئىشەنچلىك ۋاسىتىلىرىنىڭ بارلىقىنى ۋە شۇنداقلا بىزنى سىياسەت دۇنياسى ھەققىدە ئوبيېكتىپ ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى «پاكىت» (تەجرىبە دەلىللىرى) بىلەن «قىممەت قاراشلار» (قائىدە ۋە ئەخلاقىي ئەقىدە)نى بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتۇر.

پاكىتلار ئىشەنچلىكلىكى ۋە تۇتارلىقلىقى نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوبيېكتىپتۇر ۋە ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. ئەمما قىممەت قاراشلار بولسا ئۆزىنىڭ تەبىئىتى نۇقتىسىدىن سۇبيېكتىپ بولۇپ ئۇ ئىنسانلارنىڭ قوبۇللىرىغا ( بۇ يەردىكى قوبۇلنىڭ مەنىسى ئادەملەرنىڭ مۇشۇ ھەقىقەت، توغرا دەپ چىنپۈتۈپ قوبۇل قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىردىن ) باغلىق بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسەت پېنىنى بەرپا قىلىشتىكى ھەر قانداق تىرىشچانلىق مۇنداق ئۈچ ئاساسلىق قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، سانلىق مەلۇمات مەسىلىسى بولۇپ، ئىنسان تەجرىبىخانىدا تەجرىبە قىلغىلى ياكى تەكشۈرگىلى بولىدىغان پاقا ياكى مىكروسكوپتا كۆزەتكىلى بولىدىغان ھۈجەيرە ئەمەس. بىز بىر ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيمىز ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدە قايتا-قايتا تەجرىبە ئېلىپ بارالمايمىز. شۇڭا بىزنىڭ شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە بىلەلەيدىغىنىمىز چەكلىك ۋە يۈزەكىدۇر. تولۇق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ قىياسلىرىمىزنىڭ توغرا خاتالىقىنى سىناق قىلىدىغان ئىشەنچلىك قوراللارنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى دېتېرمىنىزم تەلىماتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدىغان سۇبيېكتنى ( يەنى ئادەمنى ) پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىشتۇر. جون ب ۋاتسون (1878-1958) ۋە سكېننىر (1904-1990)نىڭ ئىدىيىسىدە ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتچىلىك بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى شەرتلىك رېفلېكس جەھەتتىن تولۇق چۈشەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىددىئا قىلىدۇ ( دەۋا قىلىدۇ ). يەنە بىر مىسال بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا يول باشلىغۇچى بولغان ۋە ماركسىزمنىڭ قوپال شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان «دىئالېكتىكلىق ماتېرىيالىزم»دۇر.

ئىككىنچىسى، يوشۇرۇن قىممەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلاردۇر.

سىياسىي مودېللار ۋە نەزەرىيىلەر پەقەت قىممەتكە تايانمايدۇ دېگەن قاراشنى قوللاش خېلىلا تەس. پاكىتلار بىلەن قىممەتلەر بىر-بىرىگە شۇنچىلىك جىپسىلاشقانكى، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئاساسەن

مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ رولى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى نەزىرىيەلەرنىڭ مۇقەررەر هالدا يوشۇرۇن سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنلەرنى ئاساس قىلىدىغانلىقىدۇر. مەسىلەن، مۇتەئەسسىپ بىر قىممەت تەراپبازلىقنى ھەرىكەتچىلىك، ئەقلىي تاللاش نەزەرىيىسى ۋە سىستېما نەزەرىيىسىدە كۆرگىلى بولىدۇ. ئوخشاشلا، ئاياللار هوقۇقى سىياسىي نەزەرىيەلىرىمۇ يىلتىزنى ئىجتىمائىي جىنسىيەت پەرقىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئەهمىيىتى توغرىسىدىكى تەخمىنلەردىن تاپالايدۇ.

ئۆچىنچىسى، ئىجتىمائىي پەندىكى بىتەرەپلىك ئەپسانىلىرىدۇر. تەبىئىي پەنچىلەر قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن نېمىلەرنى بايقايدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىۋالماي تۇرۇپ، مەسىلىگە ئوبيېكتىپ ۋە بىتەرەپ ئۇسۇلدا يېقىنلىشىدۇ، ئەمما سىياسەتتە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن تەس، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس.

سىياسەت قانداق تەسۋىرلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىز ياشاۋاتقان ۋە چوڭ بولغان جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيەسى توغرىلىق سوئال سورايدۇ. ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىجتىمائىي كەچمىش، ئىقتىسادىي ئورۇن، شەخسىي هېسداشلىق... دېگەندەك سىياسەت ۋە ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا ھەققىدە ئالدىن هۆكۈملەردە بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك، تەتقىقات مېتودىمىز قانچىلىك ئىنچىكە بولسا بولسۇن، مۇتلەق تەرەپسىز ياكى بىتەرەپلىك مەنىسىدىكى ئىلمى ئوبيېكتىپلىق ھەر ۋاقىت سىياسىي ئانالىزدا يەتكىلى بولمايدىغان بىر نىشان بولۇپ قالىدۇ. بەلكىم ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئېرىشىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ، بۇنداق بىر تەرەپلىملىكتىن ئەمەس، بەلكى سىياسىي نۇقتىدىن بىتەرەپ بولىمىز دەيدىغان ساختا هۆكۈمدە ئىپادىسىنى تاپقان تەرەپبازلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىدەك بىر ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالماسلىقتىن كەلگەن.

**قۇرۇم :** مۇئەييەن شەكلى ياكى رەسمىي بىر رولى ۋە سالاهىيتى بولغان، ئەتراپلىق بەرپا قىلىنغان بىر قۇرۇلمىدۇر. كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، تەرتىپلىك ۋە مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ھەرىكەتلەرنى مۇمكىن قىلىدىغان قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر،يەنى،«ئويۇن قائىدىسى»دۇر.( بۇ يەردە ئورگاننى قۇرۇم دەپ تۈركچىدىن ئېلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئورگان قۇرۇمدەك كەڭ مەنىدە ئەمەس، ئىنگلىزچىدىكى institution نى تۈركچىدىكى قۇرۇم سۆزى بىلەن ئىپادىلەشنى توغرا دەپتۇ. چۈنكى، قۇرۇم سۆزىنىڭ يىلتىزى قۇرماق، قۇرۇش پېئىلىدىن كەلگەن بولۇپ، قۇرۇلغان نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا قۇرۇمنى ئۇيغۇرچە كەلىمە دېسەكمۇ خاتا بولمايدۇ. ( مۇھەررىردىن )

**ئېيتىم discourse :** ئۆزئارا ئېلىپ بېرىلغان كىشىلىك ئالاقىدۇر، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئېيتىم هوقۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ ياكى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئىدېئال تىپ (غايە تىپى) :**

ئىدېئال تىپى (بەزىدە «ساپ تىپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چەكسىز مۇرەككەپ رېئاللىقتىن ئۇنىڭ لوگىكىلىق ئاقىۋەتلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بىر مەنە چىقىرىش ئۇرۇنۇشلىرى مەقسىتىدە ئەمەلگە ئاشقان زېھنىي قۇرۇلۇشتۇر. ئىدېئال تىپ دەسلەپتە ئىقتىسادتا ئىشلىتىلدى. (مەسىلەن، تولۇق رىقابەت ئىدىيىسى). ئىجتىمائىي پەنلەردە ماكس ۋېبېر بىلەن بىللە كۆلمىناتسىيە نۇقتىسىغا چىققان ئىدېئال تىپلار رېئاللىقنىڭ چىنلىقىغا يېقىن بولغان بىر تەخمىنلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان قوراللاردۇر. ئىدېئال تىپلار يا «ھەقىقەتنىڭ خورىشىنىڭ نامايەندىسى» ئەمەس ۋە ياكى ئەخلاقىي بىر ئىدېئال ئەمەس. ماكس ۋېبېرنىڭ ئىدېئال تىپ ئۆرنەكلىرى ئىچىدە نوپۇز ۋە بيۇروكراتىيەمۇ بار.

## ئۇقۇم، مودېل ۋە نەزەرىيەلەر

ئۇقۇم، مودېل ۋە نەزەرىيە سىياسىي ئانالىزنىڭ قورالىدۇر. سىياسەتتىكى نۇرغۇن ئىشلارغا ئوخشاش ئانالىز قوراللىرىنىمۇ چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىش كېرەك. ئالدى بىلەن ئۇقۇملار ئۈستىدە توختىلايلى. ئۇقۇم، مەلۇم بىر نەرسە توغرىسىدا بىر سۆز ياكى قىسقا بىر جۈملە بىلەن ئىپادىلەنگەن ئاساسىي مەنىدۇر. ئۇقۇم بىر ئىسىمدىن كۆپرەك مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بىر نەرسىدۇر. مەسىلەن، باشقا مۈشۈكلەردىن پەرقلىق بولغان، ئالاھىدە بىر مۈشۈك توغرىسىدا سۆزلەش بىلەن بىر «مۈشۈك ئۇقۇمىغا» (مۈشۈك چۈشەنچىسىگە) ئىگە بولۇش ئارىسىدا پەرق مەۋجۇت. مۈشۈك ئۇقۇمى «جىسىم» ئەمەس، بەلكى «چۈشەنچە»دۇر. بىر مۈشۈكنى پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلغان خۇسۇسىيەتلەر (يەنى، «تۈكلۈك سۈت ئەمگۈچىلەر» ، «كىچىك» ، «ئۆي ھايۋىنى» «چاشقان تۇتىدىغان» قاتارلىقلار) بىر چۈشەنچىدۇر. باراۋەرلىكمۇ ماھىيەتتە پرىنسىپ ياكى غايىدۇر. بۇ يۈگۈرۈش چېمپىيونىنىڭ دۇنيا رېكورتىغا ئېرىشىشى ياكى بىر مىراسنىڭ ئىككى ئاكا-ئۇكا ئوتتۇرىسىدا تەڭ ئايرىلغانلىقىدەك ئىشلارغا ئىشلەتكەن مەنىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئوخشاشلا، بىز «پرېزىدېنت» دېگىنىمىزدە، مەلۇم بىر پرېزىدېنتنى ئەمەس، بەلكى ئىجرائىيە ھوقۇقىنى تەشكىللەش توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش پىكىرلەرنى كۆزدە تۇتىمىز.

ئۇنداقتا بىر ئۇقۇمنىڭ قىممىتى نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇقۇم بىز ئويلايدىغان، تەنقىدلەيدىغان ، مۇلاھىزە قىلىدىغان ، چۈشەندۈرىدىغان ۋە تەھلىل قىلىدىغان قوراللاردۇر. سىرتقى دۇنيانى ھېس قىلىشلا بىزگە بۇ توغرىلىق ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمەيدۇ. دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا بىر مەنە بېرىشكە تىرىشىمىز ۋە بۇ ئۇقۇم بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاددىيلا قىلىپ ئېيتقاندا، مۈشۈككە مۈشۈككە لايىق مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۈشۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە دائىر بىر ئۇقۇمغا ئېرىشىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇقۇملار شەيئىلەرنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان شەكلى ياكى خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇش ئارقىلىق ئۇلارنى تۈرگە ئايرىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، مۈشۈك «مۈشۈك ئائىلىسى»نىڭ بىر ئەزاسىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇقۇملار «ئومۇمىي»دۇر، ئۇ بىر يۈرۈش شەيئىلەر ۋە ئومۇمىي چۈشەنچىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىردەك بولغان ھەرقانداق بىر شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىزنىڭ سىياسەت دۇنياسى ھەققىدىكى بىلىمىمىزنى بۇ دۇنيانى شەرھىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان

ئۇقۇملارنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلىشى ۋە ساپلاشتۇرۇلۇش يولى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن دىيسەك خاتالاشقان بولمايمىز. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇقۇملار ئىنسانىيەت بىلىملىرىنىڭ قۇرغۇچى تەركىبلىرىدۇر.

شۇنداقلا، بەزىدە ئۇقۇملارمۇ خۇددى ئىشەنچسىز كىشىلەردەك جانغا ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى بىز چۈشىنىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن سىياسىي رېئاللىق توختىماي ئۆزگىرەيدۇ ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپتۇر. «دېموكراتىيە»، «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «كاپىتالىزم» قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ بەكلا يۇملاق ۋە ئىپادىلىمەكچى بولغان ھەقىقەتلەردىنمۇ بەكرەك كونكرېت بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. ماكس ۋېبېر بەزى ئۇقۇملارنى «ئىدېئال تىپ» دەپ تونۇپ، بۇ مەسىلىنى يېڭىشكە تىرىشقان. بۇ خىل ئۇسۇل بىز ئىشلەتكەن ئۇقۇملارنىڭ، تەتقىقات تېمىسى بولغان ھادىسىنىڭ مەلۇم ئاساسلىرى ياكى مەركىزىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تاللىنىشى ئارقىلىق بەرپا قىلىنغانلىقى، شۇ سەۋەپتىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى ياكى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىنغانلىقىدەك بىر ئەھۋالدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئىنقىلاب» ئۇقۇمىنى يىلتىز تارتىپ كەتكەن ۋە ئاساسەن زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان سىياسىي ئۆزگىرىشنى ئىپادىلىگەن ئىدېئال بىر تىپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ 1789-يىلدىكى فرانسىيە ئىنقىلابى بىلەن 1989-1991-يىللىرىدىكى شەرقىي ياۋروپا ئىنقىلابى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم پاراللېللىقنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى چۈشىنىشىمىزگە تۆھپە قوشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇقۇملارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىتىش كېرەك. ئۇقۇم ياكى ئىدېئال تىپلارنى «توغرا» ياكى «خاتا» ئەمەس، بەلكى ئازدۇر-كۆپتۇر «پايدىلىق» دەپ قاراش تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

يەنە بىر مەسىلە بولسا، سىياسىي ئۇقۇملارنىڭ دائىم چوڭقۇر ئىدىيۋى تالاش-تارتىشلارغا باش تېما بولۇپ قېلىشىدۇر. سىياسەت قىسمەن ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇملارغا قانۇنىي مەنىلەر بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشتۇر. مەسىلەن، تەرەپلەر «ئەركىنلىكنى قوغداش»، «دېموكراتىيىنى قوللاش» ياكى «ئادالەتنىڭ يېنىدا تۇرۇش» دېگەندەك پىكىرلەر بىلەن تالاش- تارتىشالايدۇ، ئۇرۇشالايدۇ، ھەتتا ئۇرۇشقا كىرىشەلەيدۇ. بۇنىڭدىكى مەسىلە «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە»ۋە «ئادالەت» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئوخشىمىغان كىشىلەرگە ئوخشىمىغان مەنە ئىپادە قىلىدىغانلىقىدۇر.

ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىپ ھەقىقىي دېموكراتىيە، ھەقىقىي ئەركىنلىك ياكى ھەقىقىي ئادالەتنى بەرپا قىلالايمىز؟ ئەڭ ئاددىي جاۋاب شۇكى، بىز بۇنى قىلالمايمىز. «سىياسەت»كە يۇقىرىدىكىدەك ئېنىقلىما بەرمەكچى بولساق، نۇرغۇن سىياسىي ئۇقۇملارنىڭ بىر- بىرى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ تۈر ئۇقۇملار «ئۇلدىن ئىختىلاپلىق» (گاللىي 1955-1956) ئۇقۇملار دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئىختىلاپلار شۇنچىلىك چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىتەرەپ ياكى بىكىتىلگەن ئېنىقلىما بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئەسلىدە بىر ئاتالغۇ ھېچقايسىسىنىڭ «توغرا» مەنىسى دەپ قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر يۈرۈش رەقىب ئۇقۇملارنىڭ ۋەكىلى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، سىياسەتنى دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاممىۋى ھاياتنىڭ يولغا قويۇلۇشى، تالاش- تارتىش قىلىش ۋە كېلىشىش، ھوقۇقنىڭ ۋە بايلىقلارنىڭ تەقسىملىنىشى دېگەندەك ئوخشىمىغان چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى باراۋەر دەرىجىدە يوللۇقتۇر.

| |
|---|
| **قارارچىلىق (determinism):** ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى ۋە بارلىق مايىللىقىنىڭ تاشقى ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر. قارارچىلىق ھۆر ئىرادىنىڭ بىر ئەپسانىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىما قىلىدۇ.<br><br>**تەرەپبازلىق :** ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە (دائىم ئاڭسىز) تەسىر كۆرسىتىدىغان ھېسداشلىق ياكى بىر تەرەپلىمە قاراش تەرەپبازلىق دەپ ئاتىلىدۇ. تەرەپبازلىق ھەقىقەتنىڭ مەنىسىنىڭ بۇزۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. |

مودېللار ۋە نەزەرىيەلەرنىڭ مەنىسى ئۇقۇملاردىن كەڭرەك بولىدۇ، بۇلار يەككە بىر چۈشەنچىنى ئەمەس، بەلكى چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر مودېل ئادەتتە بىر قورچاقنىڭ ئۆيى ياكى ئويۇنچۇق ئايروپىلانغا ئوخشاش، بىر نەرسىنىڭ تېخىمۇ كىچىكلىتىلگەن مىسالىغا ئوخشايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مودېلنىڭ مەقسىتى ئەسلىدىكى جىسمىغا ئىمكانقەدەر سادىق بولغان ئاساستا ئوخشاشلىقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇقۇم مودېللىرىنىڭ مەلۇم بىر ئوبيېكتقا تامامەن ئوخشاش بولۇش زۆرۈرىيىتى يوق. مەسىلەن، ئىقتىسادنىڭ بىر كومپيۇتېر مودېلىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئۆزى بىلەنمۇ فىزىكى نۇقتىدىن ئوخشاش بولۇشى كېرەك دەۋېلىش بىمەنىلىك بولىدۇ. ئۇقۇم خاراكتېرلىك مودېللار ئادەتتە ئانالىز قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قىممىتى كالللىنى قايمۇقتۇرغۇچى ۋە چېچىلاڭغۇ ھادىسىلەر توپى سۇپىتىدە كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرگە مەنە بېرىشنى مۇمكىن قىلغان قورال بولغانلىقىدىدۇر. ئاددىي بىر پاكىت شۇكى، ھادىسىلەر ئۆز- ئۆزىگە سۆزلىيەلمەيدۇ. ئۇلار چوقۇم ئىزاھلىنىشى ۋە رەتلىنىشى كېرەك. مودېللار مۇناسىۋەتلىك تەجرىبىۋى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مەنە ۋە ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر مۇناسىۋەتلەر تورىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنىڭ تاماملىنىشىغا ياردەمچى بولىدۇ. داۋىد ئېستون (1979 ، 1981) تەتقىق قىلىپ چىققان سىياسىي سىستېما مودېلى سىياسىي ئانالىزدىكى ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە مودېللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۇنى دىئاگراممىدا كۆرسىتەلەيمىز (1.3-رەسىمگە قاراڭ)

بۇ مەغرۇر مودېل سىستېما ئانالىزى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۈمشاق دېتال ئارقىلىق ئاساسلىق سىياسىي ئاكتىيورلارنىڭ فۇنكسىيىسىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل سىياسىي جەريانىنىمۇ چۈشەندۈرەلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىر سىستېما كوللېكتىپ بىر شەكىلدە مەۋجۇتلۇقىنى تەشكىل قىلغان، بىر يۈرۈش ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن باغلىنىشلىق ۋە بىر-بىرىگە تايىنىدىغان پارچىلاردىن تەشكىللەنگەن ۋە مۇرەككەپ بولغان بىر پۈتۈنلۈكتۇر.

سىياسىي سىستېمىغا كەلسەك ، ئېستوننىڭ «كىرىش» ۋە «چىقىش» دەپ ئاتىغانلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر باغلىنىشلىق بار. سىياسىي سىستېمىدا «كىرىش» بولسا ئومۇمىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ۋە تەلىپىدىن تەركىب تاپىدۇ. تەلەپلەرمۇ تېخىمۇ يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈچۈن بېسىم قىلىشتىن، كۆپرەك ئىشقا ئورۇنلىنىش تەلىپى ۋە تېخىمۇ كۆپ پاراۋانلىقتىن تارتىپ، ئاز سانلىقلار ھوقۇقى ۋە شەخسنىڭ ھوقۇقلىرىغا قەدەر تېخىمۇ كۆپ كاپالەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

| |
|---|
| **مودېل :** مۇھىم مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۆز-ئارا تەسىرلىشىشلەرنى تەكىتلەش ئارقىلىق، چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تەجرىبىۋى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ نەزەرىيەۋى ئىپادىسىدۇر. |

يەنە بىر تەرەپتىن، قوللاشلار باج تاپشۇرۇش، بويسۇنۇش، ئاممىۋىي ھاياتقا ئىشتىراك قىلىشقا قىزغىن مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي سىستېمىغا تۆھپە قوشۇشى ئۈچۈن بىر يول ئاچىدۇ. «چىقىش» سىياسەتنى تەشكىل قىلىش، قانۇن تۈزۈش، سېلىق سېلىش، ئاممىۋى فوندلارنى تەشكىللەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەت قارارلىرى ۋە پائالىيەتلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ «چىقىش»لار كېيىنكى تەلەپ ۋە قوللاشلارنى شەكىللەندۈرىدىغان پىكىرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئېستوننىڭ مودېلىدىكى ئاچقۇچلۇق قاراش شۇكى، مەۋجۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ چىقىشلارنىڭ كىرىشلەر بىلەن ماس بولۇشىغا باغلىق بولۇشى نۇقتىسىدىن، سىياسىي سىستېمىنىڭ ئۆزۈن مەزگىلدە تەڭپۇڭلۇققا ياكى سىياسىي مۇقىملىققا مايىل بولۇشىدۇر.

شۇنداقلا، ئۇقۇم مودېللىرىنىڭ پەقەت ئۆزى چۈشەندۈرمەكچى بولغان رېئاللىقنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلۇشى بولۇش ئىمكانىيىتىنى ئەستىن چىقارماسلىقمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ مودېللار پەقەت چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان قورال‌لاردۇر، ئەمما ئىشەنچلىك مەلۇمات ئەمەس. ئېستوننىڭ مودېل ئۆرنىكىدە سىياسىي پارتىيىلەر ۋە مەنپەئەتدار گۇرۇپپىلىرنى ئاساسى فۇنكسىيىلىرى سىياسىي سىستېمىغا «كىرىش» ئېقىمىنى تەشكىللەش بولغان «دەرۋازىۋەن» شەكلىدە تەسۋىرلىگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيىلىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بىرگە، پارتىيىلەر ۋە مەنپەئەتدار گۇرۇپپىلار يەنە ئاۋامنىڭ رايىنىمۇ ئىدارە قىلىش ئارقىلىق، ئاۋام ئېھتىياجىنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

قىسقىسى، بۇلار ئەمەلىيەتتىكى سىستېما مودېلىنىڭ مۆلچەرلىرىدىن تېخىمۇ قىزىقارلىق ۋە مۇرەككەپ بولغان ئورگانلاردۇر. ئوخشاشلا ئېستوننىڭ مودېلى سىياسىي سىستېمىلارنىڭ ئاممىنىڭ بېسىملىرىغا نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتە، سىياسىي سىستېمىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بېسىمنى ۋە مەجبۇرلاشنى قوللىنىدىغانلىقىنىڭ (بارلىق سىستېمىلار بۇنى مەلۇم دەرىجىدە قىلىدۇ) شەرھىسىدە بولغىنىدىن بەكرەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

نەزەرىيە ۋە مودېل ئاتالغۇلىرى سىياسەتتە ئاساسەن بىر-بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. نەزەرىيەلەر ۋە مودېللار سىياسىي ئانالىز قوراللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىدىيىۋى قۇرۇلمىدۇر. تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەزىرىيە بىر تەكلىپتۇر. نەزەرىيە تەجرىبىۋى مەلۇماتلار پۈتۈنلۈكىنىڭ سىستېمىلىق ئىزاھىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مودېل پەقەت بىر ئىزاھلاش قورالىدۇر. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ تېخى سىرلىرى يېشىلمىگەن بىر پەرەزگە ئوخشايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسەتتە نەزەرىيەنى ئازدۇر-كۆپتۇر «ھەقىقىي» دېيىشكە بولىدۇ، بىراق مودېللارنى پەقەت ئازدۇر-كۆپتۇر «پايدىلىق» دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، نەزەرىيە بىلەن مودېل دائىم ئۆز-ئارا بىر-بىرى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. كەڭ سىياسىي نەزەرىيىلەرنى بىر قاتار مودېللار شەكلىدە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، كۆپخىلچىلىك (pluralism)

نەزەرىيىسى بىر دۆلەت مودېلى، سايلام رىقابىتى مودېلى، گۇرۇپپا سىياستى مودېلى قاتارلىق مودېللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بارلىق ئىدىيىۋى قۇرۇلمىلار نەزەرىيەلەر ۋە مودېللار، يوشۇرۇن قىممەت ۋە يېپىق ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، مۇتلەق ساپ نەزەرىيە يارىتىش ئىنتايىن تەستۇر. قىممەتلەر ۋە ئۆلچەملەر ئۆزگەرمىگەن بىر ئۇسلۇبتا نەزەرىيەلەرگە سىڭىپ كىرىدۇ. ئۇقۇملار خەلقنىڭ بەزى ئاتالغۇلارنى (يەنى، دېموكراتىيە، ھۆرلۈك ۋە ئادالەتكە ئوخشاش ئاتالغۇلارنى) «ياشىسۇن» دېگەندەك شوئارلار بىلەن، يەنە بەزىلىرىنى (مەسىلەن، توقۇنۇش، قالايمىقانچىلىق، ئىدېئولوگىيە ۋە ھەتتا سىياسەت دېگەندەك) «ھۇررا» دېگەندەك شوئارلار بىلەن ئىشلىتىش مايىللىقىدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مودېللار ۋە نەزەرىيەلەرگە بىر يۈرۈش خاھىشلار «يۈك»لىنىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ ( يۇقىرىدا تەتقىق قىلىنغان) قىممەتلەردىن خالىيلىقىنى قوبۇل قىلىش بەكلا قىيىن.

| |
|---|
| **نەزەرىيە :** قىياستىن پەرقلىق بولۇپ، ئاساسەن ئىشەنگىلى بولىدىغان بىر مەلۇمات سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان، تەجرىبىۋىي سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر. |

ئىنسانلارنىڭ ئادەتتە شەخسىيەتچى ۋە ئۆزىگە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان جانلىقلار ئىكەنلىكىدەك ئالدىن قوبۇلنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، سىياسىي نۇقتىدىن بۇ نەزەرىيەلەرنىڭ ئاساسەن مۇتەئەسسىپ سىياسىي تەشەببۇس، تەكلىپلەر بىلەن نەتىجىلىنىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماركسىزمچىلار تەرىپىدىن ئالغا سۈرۈلگەن سىياسەتنىڭ سىنىپ نەزەرىيىسمۇ تارىخ ۋە جەمئىيەت ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ نەزەرىيىلەرگە تايانغان ۋە ھەقىقەتەن بۇ نەزەرىيىلەرمۇ ئەڭ ئاخىرىدا بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي پەلسەپىنىڭ كۈچكە ئىگە ئىناۋەتلىكلىكىگە تايانغاندۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماركسىزمچىلار تەرىپىدىن ئالغا سۈرۈلگەن سىياسەتنىڭ سىنىپ نەزەرىيەسىمۇ تارىخ ۋە جەمئىيەت ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ نەزەرىيەلەرگە تايانغان ۋە ھەقىقەتەن بۇ نەزەرىيەلەرمۇ ئەڭ ئاخىرىدا بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي پەلسەپىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىغا تايانغان. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مودېللار ۋە مىكرو نەزەرىيەلەرگە ئوخشاش ئانالىز قوراللىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ماكرو نەزەرىرىيەلەر ئۈستىگە بەرپا قىلىنىشىنىڭ مەلۇم ئەھمىيىتى بار. سىياسىي ئانالىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەۋى قوراللىرى ھاكىمىيەت بىلەن دۆلەتنىڭ رولى مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇلار پلۇرالىزم (كۆپ مەنبەچىلىك)، ئېلىتىزم (قابىلللار ھۆكۈمرانلىقى)، سىنىپ ئانالىزى ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. (بۇ نەزەرىيەلەر تۆتىنچى ۋە بەشىنچى بابلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ) تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، بۇ نەزەرىيەلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مەلۇم ئىدېئولوگىيەلىك ئەنئەنىلەردىن بىرىنىڭ پەرەزلىرىنى ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئەنئەنىلەرنىڭ كۆپرەك توماس كۇھنىڭ «ئىلىم پەن ئىنقىلابىنىڭ قۇرۇلمىسى» (1962) ناملىق ئەسىرىدە پارادىگما[1]سۈپىتىدە تىلغا ئالغان تۈرلەردەك بىر فۇنكسىيەسى بار. پارادىگما ئىلمىي

[1] پارادىگما - ئادەتتە پارادىگما كۆپرەك مەلۇم بىر ھادىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىدېئال تىپ شەكلىدە تەكىتلىگەن بىر قېلىپ ياكى مودېلدىن ئىبارەتتۇر. كوھىن (1962) نىڭ قارىشى بويىچە، مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۇرۇنۇشلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان،

تەتقىقات باسقۇچىنى پىلانلاشقا ياردەمدە بولىدىغان، بىر بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان پىرىنسىپلار، تەلىماتلار ۋە نەزەرىيەلەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدۇر. بىر پارادىگما ئۇچۇر مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئىزدىنىشى ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر رامكىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىقتىسادتا كېينېسىزمنىڭ ئورنىغا مونېتەرىزم (پۇل مۇئامىلە تۈزۈمى)نىڭ ئېلىشىدا ( ۋە بەلكىم داۋامىدا يېڭى كېينېسىزمگە قايتىشى بىلەن) ئۆزىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن، تىرانسپورت سىياسىتىدە بۇ ئەھۋال يېشىل پىكىرلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى نەتىجىسىدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

كوھنىنىڭ قارىشىچە، تەبىئەت بىلىملىرى ھەر ۋاقىت يالغۇز بىر پارادىگمانىڭ ھۆكمى ئاستىدا بولىدۇ. ئىلىم پەنمۇ ئادەتتە كونا پارادىگمالارنىڭ يېڭى پارادىگمالار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىشىغا ئوخشاش بىر يۈرۈش «ئىنقىلاب»لار ئارقىلىق ئالغا باسىدۇ. لېكىن، ئوخشىمىغان پارادىگمالار بىر بىرى بىلەن رىقابەت ۋە كۈرەش قىلىدىغان بىر جەڭ مەيدانى بولمىش سىياسي ۋە ئىجتىمائىي تەتقىقاتلار تەبىئەت پەن تەتقىقاتىدىن پەرقلىقتۇر. بۇ ئۆرنەكلەر ئادەتتە لىبېرالىزم، كونسېرۋاتىپلىق، سوتسىيالىزم، فاشىزم، فېمىنىزمغا ئوخشاش سىياسي ئىدېئولوگىيەلەر دەپ ئاتالغان كەڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىلەر شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەر بىرى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتكە قارىتا ئۆز قاراشلىرىنى ئىددىئا قىلىدۇ، مەلۇم دۇنيا قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىدېئولوگىيەلەرنى نەزەرىيە پارادىگمالىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەش مەلۇم بىر گۇرۇپپا ياكى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىغا چىقىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقتىن، سىياسي ئانالىزنىڭ ھەممىسىنى بولمىسىمۇ، كۆپ قىسمىنى تار دائىرىدە ئىدېئولوگىيەلىك دېگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئىدېئولوگىيەلەرنىڭ نەزەرىيە پارادىگمالىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى پەقەتلا سىياسي ئانالىزنىڭ مەلۇم بىر ئىدېئولوگىيەلىك ئەنئەنە ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئىلمىي سىياسەت بىلىمىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، لىبېرال راتسيونالىستىك پەرەزلەرگە مۇناسىپ ھالدا بەرپا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا لىبېرال ئەنئەنىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەت، نەزىرىيە ۋە قىياسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي كاتېگورىيەنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، «نورمال» ئىلىم پەن مۇقىم ئىلمىي كاتېگورىيە ئىچىدە خىزمەت قىلىدۇ. «ئىنقىلابىي» ئىلىم پەندە بولسا كونا پارادىگمالارنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى قويۇشتەك ئۇرۇنۇشلار مەۋجۇت. بۇ نەزەرىيەنىڭ رادىكالراق ئىپادىسى بولسا، «ھەقىقەت» بىلەن «خاتا»نىڭ مۇتلەق مەنىدە ئوتتۇرىغا چىقمايدىغانلىقىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇلار پەقەتلا قوبۇل قىلىنغان بىر پارادىگما ئىچىدە خىزمەت قىلىدىغان ۋە ھامان بىر كۈنى ئورنىنى باشقىلارغا تاشلاپ بېرىدىغان ئۆتكۈنچى ھۆكۈملەردۇر.




1.4-رەسىم ئۇقۇم ئانالىزىنىڭ قۇرۇلمىسى

## خۇلاسە

- سىياسەت كىشىلەر ئۆزلىرى بويسۇنۇپ ياشاۋاتقان ئومۇمىي قائىدىلەرنى تۈزۈش، قوغداش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسەت بىر تەرەپتىن پەرق ۋە توقۇنۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن مۇرەككەپ بىر باغلىنىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ھەمكارلىق ۋە كوللېكتىپ ھەرىكەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتتۇر. سىياسەتنى ئەڭ توغرا ئۇسۇلدا چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنى بارلىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان ياكى ھەل قىلالايدىغان پائالىيەت ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر توقۇنۇشنى ھەل قىلىش تىرىشچانلىقى دەپ قاراش كېرەك.
- سىياسەتنى ئوخشىمىغان مۇتەپەككۇرلار ۋە ئوخشىمىغان ئەنئەنىلەر ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن چۈشىنىپ كەلگەن. بەزىلەر سىياسەتنى دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ياكى ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە مۇناسىۋەتلىك سەنئەت سۈپىتىدە، تەشكىلىي ئىشلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە باشقۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، توقۇنۇشنىڭ تالاش-تارتىش ۋە كېلىشىم يولى بىلەن ھەل قىلىنىشى سۈپىتىدە، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىچىدە بايلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، تەقسىملىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى سۈپىتىدە قارايدۇ.
- «سىياسىي»لىقنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا تىلغا ئالغۇدەك تالاش-تارتىشلار مەۋجۇت. كلاسسىك سىياسەت «سىياسىي»نى تەشكىلىي ساھەدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ كوللېكتىپ تەشكىللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنى ۋە ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تار مەنىدە ئىزاھلىغان. شۇڭلاشقا سىياسەتنى ھاكىمىيەت بىلەن باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن چۈشەنگەندە، ئۇنىڭ «خۇسۇسىي» ساھەدىمۇ كۆچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتالايمىز.

- سىياسەت ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئاكادېمىك تەتقىقاتلاردا ئوخشىمىغان مېتودلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلار سىياسەت پەلسەپىسىنى ياكى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن نەزەرىيە ئانالىزىنى (مەخسۇس ئورگانلار ۋە تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەجرىبە ئەنئەنىسىنى)، ھەرىكەت ئانالىز يولى بىلەن ئىلمىي ئېنىقلىق بەرپا قىلىش تىرىشچانلىقلىرىنى ۋە ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار ھازىرقى زامان پىكرىي ئېقىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.
- سىياسەت ئىلمى پاكىتلار ۋە قىممەت قاراشلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئايرىش ئارقىلىق، سىياسەتنىڭ ئۆز دۇنياسى ھەققىدە ئوبيېكتىپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى ئىلمىيلىكىنى قوغداپ قالغان. لېكىن بۇ تىرىشچانلىق ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئېرىشىشىنىڭ قىيىنلىقى، سىياسىي مودېللاردا يوشۇرۇن مەۋجۇت بولغان قىممەت قاراشلار ۋە بارلىق سىياسەت ئالىملىرىدا مەۋجۇت بولغان تەرەپدارلىق سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.
- ئۇقۇم، مودېل ۋە نەزەرىيەلەر مەلۇمات پۈتۈنلىكى بىلەن تەمىنلەيدىغان سىياسىي ئانالىز ۋاستىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇلار پەقەت ئانالىز قورallىرىدىنلا ئىبارەتتۇر. ئۇلار بىزنىڭ چۈشەنچىمىزنى كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە تەسۋىرلىمەكچى بولغان شەكىلسىز ۋە مۇرەككەپ رېئاللىقتىن بەكرەك پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ۋە بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا بارلىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي خىزمەتلەر مەلۇم بىر ئەقلىي كاتېگورىيە ياكى ئىدېئولوگىيەلىك پارادىگما ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

- ئەگەر سىياسەت ماھىيىتىدىن بىر ئىجتىمائىي پائالىيەت دېيىلسە، نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي بولۇۋەرمەيدۇ؟
- نېمە ئۈچۈن سىياسەت پات-پات سەلبىي چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ؟
- سىز بولسىڭىز سىياسەتنى قانداق قىلىپ قىممەتلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر پائالىيەت سۈپىتىدە مۇھاپىزەت قىلغان بولاتتىڭىز؟
- سىياسەت بىر خىل مۇقەررەرلىكمۇ؟ ياكى سىياسەتنىڭ تۈگەنچىسى مەۋجۇتمۇ؟
- سىياسەت ئىلمى قانداق قىلىپ بۇنچىلىك كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ھالەتكە كەلگەن؟
- سىياسەتنى ئوبيېكتىپ ۋە تەرەپسىز بىر شەكىلدە داۋام قىلىش مۇمكىنمۇ؟

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

1) Ball, A. ve B. Guy Peters, Modern Politics and Government (5th ed.), (Basingstoke: Palgrave and New York: Chatham House Publishers Inc., 2000).

(بۇ كىتاب كۆپ خىل تېمىلارنى يورۇتۇپ بەرگەن ئاممىباب سىياسەت كىتابىدۇر)

2) Crick, B. In Dejence of Politics (rev. ed.), (Harmondsworth and New York: Penguin, 2000).

(بۇ كىتابتا دۈشمەنلەرگە قارشى سىياسەتنى ‹پەقەت لىبېرال مەنىدە› مەشرۇلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بايان قىلىنغان)

3) Heyvvood, A. Key Concepts in Politics (Basingstoke: Palgrave, 2000).

(بۇ كىتاب، سىياسي ئانالىزدا قارىمۇ قارشى كەلگەن مۇھىم كۆز قاراشلار ۋە ئۇقۇملار توغرىسىدا يېزىلغان)

4) Leftwich, A. (ed.) What is Politics ? TheActivity and Its Study (Oxford and New York: Blackwell, 1984).

(بۇ پەرقلىق سىياسەت ئۇقۇملىرى ۋە بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بىرىگە زىت كۆزقاراشلار قەلەمگە ئالغان ئىنتايىن پايدىلىق ماقالىلەر توپلىمىدۇر)

5) Marsh, D. ve G. Stoker (eds) Theory andMethods in Political Science (2nd ed.) (Basingstoke: Palgrave, 2002).

(بۇ كىتابتا سىياسەت پېنىنىڭ تەبىئىتى ۋە ساھەسى چۈشىنىشلىك،  ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنغان)

تەرجىمان: مەمەتچان ئابدۇقادىر

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇرېھىم دۆلە ت